# 180122 - بىمار تەيەممۇم قىلىپ ئىككىدىن ئارتۇق نامازنى بىرگە جۈغلاپ ئوقۇۋسا دۇرۇس بولامدۇ؟ياكى تاھارەتنى ساقلاش ئۈچۈن قوللانغان زاكى بىلەن ناماز ئوقۇۋسا دۇرۇس بولامدۇ؟

## سوئال

ئولتۇرۇپ قالغان ھېچ ھەرىكەتلىنەلمەيدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەمشىرىسىدىن باشقا ھېچ نېمىسى يوق، ھەمشىرىسى ئۇ كىشىنىڭ تەرەتلىرىنى پاكىزلايدۇ، ئىمكان قەدەر ئەۋرەتلىرىگە نەزەر سېلىشتىن يىراق بولىدۇ، ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن ئۇ كىشى نامازنى تەرك قىلمايدۇ، ھەمشىرىسى ئۇ كىشىنىڭ بىزنى ئەڭ ئاز كۈندە ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ، لېكىن بۇ ئىش ئۇ كىشىگە ۋە ھەمشىرىسىگە قېيىن بولىدۇ، ئۇ كىشى سۈيدۈك توختىتالمايدۇ، ئەتىگەندە بامدات نامىزى ئوقۇيدۇ، پېشىننى ئەسىر بىلەن، شامنى خۇپتەن بىلەن بىرگە جۈغلاپ ئوقۇيدۇ، لېكىن ھەمشىرىسى: ئۇ كىشىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يۇيۇپ ۋە پاكىزلاپ قويۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورايدۇ؟چۈنكى ئىستىنجا قىلدۇرۇش ۋە تەرەت ئالدۇرۇش جەريانىدا ھەر ئىككىيلەن بەك ئوڭايسىزلىنىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولامدۇ؟يەنە نىجاسەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللانغان بەزنى ئېلىۋەتمەي ناماز ئوقۇۋسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەسلىدە ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە ئانىسى ياكى ھەمشىرىلىرىنىڭمۇ قارىشى توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: **«ئەۋرىتىڭنى پەقەت ئايالىڭ ۋە دىبدەك-چۆرىلىرىڭدىن باشقىلاردىن ساقلىغىن.»** [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 4017-ھەدىس. تىرمىزى رىۋايىتى 2794-ھەدىسىتە ھەسەن دىگەن. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ ھەسەن دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىدە كەلتۈرگەن].

لېكىن قېرىندىشى ئۆز ھاجىتىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىپ قويىدىغان ئايالى بولمىسا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭغا ياردەمچى بولىدىغان باشقا ئەر كىشىلەرمۇ بولمىسا، ھەمشىرىسىنىڭ ئۇنى پاكىزلاپ قويۇشى توغرا بولىدۇ، چۈنكى زۆرۈر بولغاندا ۋە قاتتىق ھاجەت بولغان ئەۋرىتىنى ئېچىش توغرا بولىدۇ، ئىمكان قەدەر ئەۋرىتىگە قارىماسلىقتا تىرىشىشى لازىم، شۇنىڭدەك قولى بىلەن بىۋاستە تۇتۇشتىنمۇ يىراق بولۇش كېرەك، ياخشىسى تازىلىغاندا، پەلەي كىيىۋېلىشى ياكى بىرەر پارچە لاتادەك بىر نەرسە ئىشلىتىشى كېرەك. بۇ توغرىدا تەپسىلى مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 50805-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئىككىنچى: ئەسلىدە نامازنى كۆچىنىڭ يېتىشچە ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشى كېرەك بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الصَّلَاةَ كَانَتْ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ كِتَابًا مَوْقُوتًا﴾ تەرجىمىسى: «شۈبھىسىزكى، ناماز مۆمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن پەرز قىلىندى.» [سۈرە نىسا 103-ئايەت].

كېسەل ياكى مۇساپىر ئۈچۈن پېشىن بىلەن ئەسىرنى، شام بىلەن خۇپتەننى ئىلگىرى-كېيىن قىلىپ جۇغلاپ ئوقۇش توغرا بولىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھ "پەتىۋالار مەجمۇئەسى"22-توم 293-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" نامازنى جۇغلاپ ئوقۇشنىڭ سەۋەبى ھاجەت ۋە ئۆزرە بولىدۇ، سەپەردە، ئۇزۇن سەپەر بولسۇن ياكى قىسقا سەپەر بولسۇن نامازنى جۇغلاپ ئوقۇشقا ئېھتىياجلىق بولسا جۇغلاپ ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، شۇنىڭدەك قاتتىق يامغۇر ياغقاندا، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاندا ۋە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەردىن نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش توغرا بولىدۇ، بۇنىڭدىن بولغان مەقسەت ئۈممەتتىن قىيىنچىلىقنى كۆتۈرۋېتىشتۇر". بۇ ھەقتە 97844-نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

شەرىئەتتە ئىككىدىن ئارتۇق نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش توغرۇلۇق دەلىل بايان قىلىنمىدى، بىمارنىڭ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىش توغرا بولمايدۇ، پەقەت ئىككى نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش ئۈچۈن شەرىئەت رۇخسەت قىلغان ھالەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككىدىن ئارتۇق نامازنى جۇغلاپ ئوقۇش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ توغرىدا شەرىئەتتە دەلىل بايان قىلىنمىغان.

دائىمىي كومىتېتى ئالىملىرىدىن: كېسەللىك سەۋەبىدىن بىر قانچە دوختۇرخانىلارنىڭ ئارىسىدا يۆتكىلىپ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن كىشى توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇلار جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈش توغرا بولمايدۇ، سىز كۈچىڭىزنىڭ يېتىشچە نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشقا تىرىشىڭ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغىن، ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ، يېنىچە ناماز ئوقۇغىن، ئەگەر بۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئوڭدا يېتىپ ناماز ئوقۇغىن.» بىمار كىشى پېشىن بىلەن ئەسىرنى ئىككى ۋاقىتنىڭ بىرىدە ۋە شام بىلەن خۇپتەننى ئىككى ۋاقىتنىڭ بىرىدە جۇغلاپ ئوقۇيدۇ". ["دائىمىي كومىتېتى پەتىۋالار مەجمۇئەسى"8-توم 83-بەت].

ئۈچىنچى: سۇ بولىدىكەن ۋە سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولىدىكەن بۇ ۋاقىتتا تەيەممۇم قىلىش توغرا بولمايدۇ، لېكىن بىمار سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىسا ياكى سۇ ئىشلىتىش بىلەن سالامەتلىكىدىن ئەنسىرىسە ياكى سۇ ئىشلىتىشتە قىيىنچىلىق بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن تەيەممۇم قىلىش توغرا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَفُوًّا غَفُورًا ﴾ تەرجىمىسى: **«ئەگەر كېسەل (يەنى كېسەلگە سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا) ياكى سەپەر ئۈستىدە بولساڭلار ياكى ھاجەت قىلساڭلار ياكى ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسەڭلار،(مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا)سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراقنى يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا سۈرتۈپ تەيەممۇم قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر(يەنى ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەرەج بولماسلىقى ئۈچۈن ئىبادەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچىدۇر).»** [سۈرە نىسا 43-ئايەت].

قازى ئىبنى ئەرەبىي: "ئەھكامۇل قۇرئان"1-توم 560-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "كېسەللىك دېگەن بەدەننىڭ نورمال ھالەتتىن چىقىپ غەيرى بىر ھالەتكە ئادەتلىنىشىدۇر، بۇ ئاز ۋە كۆپ دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىمار سۇ ئىشلىتىشتىن ئەنسىرىسە ۋە ئۇنىڭغا سۇنى سۇنۇپ بېرىدىغان كىشى بولمىسا، ئۆزى سۇنى ئېلىشقا قادىر بولالمىسا ئۇ ۋاقىتتا تەيەممۇم قىلسا توغرا بولىدۇ، ئومۇمەن سۇ ئىشلىتىشتىن ئەنسىرىگەن ۋە سۇ ئىشلىتىش بىلەن ئەزىيەتكە ئۇچرايدىغان ھەرقانداق بىمارنىڭ تەيەممۇم قىلىشى توغرا بولىدۇ".

دائىمي كومىتېتى پەتىۋا ھەيئەتلىرىدىن: مەن بىر كېسەل كۆرپىسى، ھەرىكەتلىنەلمەيمەن، مەن قانداق تاھارەت ئېلىپ ۋە قايسى شەكىلدە ناماز ئوقۇيمەن؟ دەپ سورالغاندا، ئۇلار جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: "بىرىنچى: تاھارەت مەسىلىسىگە كەلسەك، مۇسۇلمان سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشى كېرەك، ئەگەر كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەردىن سۇ ئىشلىتىشتىن ئاجىز كەلسە، پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىدۇ، ئەگەر تەيەممۇم قىلىشتىنمۇ ئاجىز كەلسە، ئۇ كىشىنىڭ زىممىسىدىن ئىبادەت ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش ساقىت بولىدۇ، ئۆز ھالى بويىچە ناماز ئوقۇيدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ ﴾ تەرجىمىسى: **«كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار.»** [سۈرە تەغابۇن 16-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ ﴾ تەرجىمىسى: **«سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى).»** [سۈرە ھەج 78-ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

ئەمما سىرتقا چىققاندا چوڭ-كىچىك تەرەتلەرنى تاش-چالما ياكى تازىلىق قەغىزى بىلەن پاكىزلاش كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تەرەت چىققان ئورۇننى ئۈچ قېتىم ياكى شۇ ئورۇن پاكىزە بولغۇچە سۈرتىدۇ". ["دائىمي كومىتېتى پەتىۋاسى"5-توم 346-بەت].

تۆتىنچى: بىمارنىڭ پاكىزە بولمىغان يەنى نىجاسەت يۇققان بەز بىلەن ناماز ئوقۇشى توغرا بولمايدۇ، مۇمكىن بولسا ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ، يېقىن جايغا بىر قاچا ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان بىر نەرسىنى قويۇپ ئۇنىڭغا

ھاجىتىنى ئادا قىلىدۇ، ئىستىنجا قىلىدۇ ياكى تازىلىق قەغىزى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن پاكىزلايدۇ.

ئەمما ئۇ كىشىگە نىسبەتەن بەز ئىشلىتىش ئوڭاي بولسا، ئۇ كىشى نامازدىن بۇرۇن پاكىزە بولمىغان بەزنى يېڭىغا ئالماشتۇرىدۇ، ۋە نىجاسەتتىن پاكىزلىنىش كېرەك بولىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك توختىتالمايدىغان بولسا، نىجاسەتنىڭ ئورنىنى يۇيىدۇ، ئاندىن سۈيدۈكنىڭ تارىلىشىنى توسىدىغان بىر نەرسە قويىدۇ، ئەگەر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن تاھارەت ئالغان بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر نەرسە چىققان بولسا، ئۇ ئورۇننى يېڭىدىن يۇيۇش ۋە قويغان نەرسىنىمۇ ھەر ناماز ئۈچۈن ئالماشتۇرۇش كېرەك بولمايدۇ، پەقەت پاكىزلىققا سەل قاراپ تولۇق مۇھاپىزەت قىلىنمىغاندا ئالماشتۇرۇش كېرەك بولىدۇ.

بۇ توغرىدا 147025–106751– ۋە 126293– نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.